

# مەن ناھايىتى قىممەتلىك



غۇنچىلار

مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

مېنىڭ ئىسمىم قۇدرەت، مەن ئالتە ياشقا كىردىم.




مەن بىر زامانلاردا تاماقىمنى ئۆزۈم يېيەلمەيدىغان، كېيىملىرىمنى ئۆزۈم  كېيەلمەيدىغان كىچىك بالا ئىدىم.



ئانام ھەردائىم ماڭا: -ئوغلۇم، سەن تولىمۇ سۆيۈملۈك، تولىمۇ قەدىرلىك، دەيتتى. شۇنداق، مەن ھەقىقەتەن قەدىرلىك. چۈنكى مەن بۇ دۇنيادا بىردىنبىر، ھېچكىمنىڭ بارماق ئىزى مېنىڭ بارماق ئىزىمغا ئوخشىمايدۇ.



مانا ئەمدى مەن چوڭ بولدۇم، ئۆزۈمنٮڭ ھاجەتلٮرٮدٮن ئۆزۈم چٮقالايدٮغان بولدۇم، مېنٮڭ بٮر جۈپ كۆزۈم، بٮر جۈپ قۇلٮقٮم ۋە بٮر بۇرنۇم بار، يەنە تېخى پەقەت ماڭٮلا تەۋە بولغان، باشقا ھەرقانداق كٮشى تۇتسا ياكى كۆرسە بولمايدٮغان خۇسۇسٮي ئەزالٮرٮم بار.




ئوغلۇم، كىچىك ۋاقتىڭدا
كىيىم-كىچەكلىرىڭنى پەقەت مەنلا
ئالماشتۇرۇپ قويىمەن. مەن رۇخسەت بەرگەن
بىرقانچەيلەندىن باشقا ھېچكىمنىڭ
سىنىڭ كېيىم-كېچەكلىرىڭنى
ئالماشتۇرۇش ھەققى يوق.


ئوغلۇم، سەن ناھايىتى قەدىرلىك، سېنىڭ
پۈتۈن بەدىنىڭ پەقەت ۋە پەقەت ساڭىلا
تەۋە. سېنىڭ خۇسۇسىي ئەزالىرىڭنى ھېچكىم
تۇتسا ياكى كۆرسە بولمايدۇ.

مەن چوڭ بولۇپ يەنە يۇيۇنۇشنى  ئۆگەندىم، مانا هازىر
مەن ئۆزۈم مۇستەقىل يۇيۇنالايمەن.



ھازىر مەن بىلىم ئېلىش ئۈچۈن مەكتەپكە بارىمەن، مەكتەپ ھاياتى تولىمۇ كۆڭۈللۈك، مەن مەكتەپتە دوستلىرىم بىلەن سەكرەپ-تاقلاپ، ئىجىل-ئىناق ئوينايمەن.




بىر كۈنى مەن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ئانامغا مەكتەپتە يۈز بەرگەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردىم.
-ئانا، بۈگۈن مەكتەپتە بىر ساۋاقدىشىم ھاجەتخانىغا ئۆزى بىلەن بىللە كىرىشىمنى ئېيتتى.

بىراق، مەن دەرھال سىزنىڭ قىلغان نەسىھىتىڭىزنى ئەسلىدىم-دە ئۇنىڭغا «قەتئى بولمايدۇ، بۇ دېگەن چوڭ خاتالىق» دېدىم.

ئانام مېنىڭ بۇ ئىشنى توغرا ھەل قىلغانلىقىمنى ئېيتىپ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە مېنى مۇكاپاتلىدى.



شۇ ۋاقىتتا  مەكتەپتە ئۆگەنگەن ناخشامنى ئەسلەپ غىڭشىپ
ئوقۇپ كەتتىم.

پۈتۈن بەدىنىم مېنىڭكى،
مەن ناھايىتى قىممەتلىك.
ئەزالىرىم مېنىڭكى،
تۇتماڭ، كۆرمەڭ چەكلەگلىك.

